# 114424 ـ رەجەب ئېيىدا كۆمۈش ئۈزۈك سېلىش توغرىسىدا

## سۇئال

ئائىلىمىزدە قىز-ئوغۇل پەرزەنتلەرنىڭ ھەممىسىگە بىردىن كۆمۈش ئۈزۈك بىرىلدى، بۇ ئۈزۈكنىڭ يان ۋە ئاستى تەرەپلىرىدە بەزى ئەرەبچە سانلار بولۇپ، بۇ ئۈزۈكلەر ئاساسەن رەجەب ئېيىغا خاسلاشتۇرۇپ ياسالغان، ئىسلام دىنىدا بۇ شەكىلدە ئۈزۈك سېلىش توغرىمۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا،ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابى كىراملارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئاياللارغا ئۈزۈك سېلىش دۇرۇس بولغاندەك ئەرلەرگىمۇ كۆمۈش ئۈزۈك سېلىش دۇرۇس بولىدۇ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرىغا خەت يازغان ياكى خەت يېزىشنى مەقسەت قىلغان ۋاقىتتا، ساھابىلاردىن بىرى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا: ئۇلار مۆھۈر بىسىلمىغان خەت-چەكلەرنى ئوقۇمايدۇ دىگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ دەپ خەت ئويۇلغان كۆمۈش ئۈزۈكتىن بىرنى ياساتتى، مەن ئۇ ئۈزۈكنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا پاقىراۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم،» دەيدۇ. [ئىمام بۇخارى رىۋايىتى 65 –ھەدىس. ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى 2092-ھەدىس].

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ"ئەلمەجمۇئ" ناملىق ئەسەر 4-توم 340-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "توي قىلغان ياكى توي قىلمىغان ئاياللار ئۈچۈن ئالتۇن ئۈزۈك سېلىش دۇرۇس بولغاندەك كۆمۈش ئۈزۈك سېلىشمۇ دۇرۇس بولىدۇ، بۇنىڭغا ئالىملار بىرلىككە كەلگەن، ھىچ ئىختىلاپ يوق. ئىمام خەتتابى رەھىمەھۇللاھ: "ئاياللارنىڭ كۆمۈش ئۈزۈك سېلىشى ياخشى ئەمەس، چۈنكى كۆمۈش ئۈزۈك سېلىش دىگەن ئەرلەرنىڭ ئالامىتى، ئەگەر ئاياللار ئالتۇن ئۈزۈك تاپالمىسا، كۆمۈش ئۈزۈكنى سېرىق رەڭدە بوياپ ئاندىن سالىدۇ "دەيدۇ. ئەمما بۇ سۆزنىڭ ئەسلى يوق بولۇپ، ئەڭ توغرىسى: ئاياللارنىڭ كۆمۈش ئۈزۈك سېلىشى چەكلەنمەيدۇ".

ئاندىن كىيىن مۇنداق دەيدۇ: ئەرلەر مەيلى رەھبەر بولسۇن ياكى ئادەتتىكى كىشىلەردىن بولسۇن ئۇلارنىڭ كۆمۈش ئۈزۈك

سىلىشى دۇرۇس بولىدۇ، بۇ ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشى، ئەمما ئىلگىرىكى دەۋرىدە بىر قىسىم شام ئالىملىرىنىڭ رەھبەرلەردىن باشقا ئەرلەرنىڭ كۈمۈش ئۈزۈك سېلىشى ياخشى كۆرۈلمەيدۇ دېگەن سۆزى قۇرئان-ھەدىسنىڭ قارىشى، سەلەپ ئالىملىرىنىڭ بىرلىككە كىلىشى بويىچە ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان سۆز بولۇپ، ئەبدەري ۋە باشقا ئالىملار بۇ توغرىدا ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكىنى بايان قىلغان".

ئۈزۈك يۈزىگە نەقىش ئويۇش ۋە خەت يېزىش چەكلەنمەيدۇ، لېكىن رەجەب ئېيىغا خاس قىلىش توغرا بولمايدۇ، بۇنىڭ دىنىدا ھېچ ئاساسى يوق، ئەگەر رەجەب ئېيىدا ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش مەقسىدى ياكى باشقا مەلۇم مەقسەتلەر بىلەن ئۈزۈك سالغان بولسا خاتا قىلغان ۋە بىدئەت پەيدا قىلغان بولىدۇ.

مۇھىمى ئۈزۈكنىڭ ئۈستىگە پايدا-مەنپەئەتنى جەلىب قىلىدىغان ياكى كۆز تىگىش، ھەسەت ۋە جىندىن ساقلىنىش قاتارلىق ئىشلارغا پايدىسى بولىدۇ دەپ قاراپ، ھەر خىل سۆزلەرنى يازدۇرۇش توغرا بولمايدۇ.

سۆزىمىزنىڭ خۇلاسىسى: كۈمۈش ئۈزۈك سېلىش ۋە ئۈزۈك ئۈستىگە نەقىش ئويۇش توغرا بولىدۇ، لېكىن ئۈزۈك سېلىش بىلەن ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ياكى ئۈزۈكنى مەلۇم ۋاقىتقا خاسلاشتۇرۇپ سېلىش ياكى ئۈزۈكنى تەبەررۈك بىلىش ياكى تۇمارنىڭ ئورنىدا سېلىش چەكلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.